www.islamyoli.net

دەۋردە ئىدىقۇت مائارىپى نۇرغۇن تىلشۇناسلارنى، كوپ تىللاردىن خەۋەردار تەرجىمانلارنى، ئابرويلۇق ئوقۇتقۇچىلارنى، مەرىپەتلىك ئەدەب ـ شائىرلارنى، دراماتورگلارنى، بوغالتىر ـ ھېساباتچىلارنى، تىۋىپ ـ دوختۇرلارنى يېتىشتۇرگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە: سىڭقۇ سەلى (بۇ ھەقتە كېيىنكى بابىمىزدا مەخسۇس توختىلىمىز)، ئاتاقلىق ئەدەب ۋە تەرجىمان پىرتانراكشت، مائارىپچى، يازغۇچى، داستانچى ئاپىرىنچۇرتىكىن، "ھەكمەتلەر پەزىلىتى " نىڭ ئاپتورى، دەداكتىك شائىر كى كى، شائىر چىنۇيا تىتۇڭ، شائىر قالىم كەيشى، شائىر ئاتساڭ، كولتارقان، ئاسىھ تىتۇڭ، قارۇنداز قاتارلىقلار بار. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى: قوچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقى دەۋردە پۇتكۇل مائارىپ ئىدەئولوگىيىسى ئۇستىدە ھەرخىل دىنىي ئەقىدىلەر ھوكۇمران ئورۇندا تۇراتتى. بىراق، ئۇ ئومۇمي خەلق ئەدەبىياتى ۋە مائارىپ ئۇچۇن ئەيتقاندا قىسمەن رامكىدىنلا ئىبارەتە. ئۇنىڭ تەكتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەئاللىقى، تارىخى ۋە مەدەنىي ـ مائارىپى يەنىلا كۇچلۇك ئەكس ئەتىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا مەشھۇر " ئوغۇزنامە " قىسسىسى تەھىمۇ تولۇق ئىسپات بولالايدۇ. " ئوغۇزنامە " ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمقى ھايات تارىخى، دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي ئورپ ـ ئادەتلىرى، پەزىلەتلىرى ۋە جەڭگىۋارلىق ھىسلەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان قىسقا ۋە ئۇنىۋەرسال دەرسلىك قوللانمىدۇر.

ئىزاھاتلار: (1) ئاكا ـ ئۇكا كەلىر (528 ـ- 968 كەلىر) ۋە مەتۇدى (728 ـ- 588 مەتۇدى) مىلادىنىڭ 855 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى بۇلغارىيىدە تۇنجى رۇس ـ سلاۋيان يېزىقىنى كەشىپ قىلىپ بەرگەن. سلاۋيانلار بۇ كۇننى ھەر يىلى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. (2) نىستۇرى (401 ـ 451 ـ يىللار) ـ خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى بولغان نىستۇرى ئەقىدىسىنى تەسىس قىلغۇچى. راھىب ئارابان 635 ـ يىلى ئىدىقۇتقا كېلىپ بۇ دىننى تەرغىب قىلغان. (3) زارا ئوستىر ـ (مىلادىدىن 8 ئەسىر بۇرۇن ئوتكەن) ئۇستا دوختۇر ۋە شائىر، زەردەشت دىنىنىڭ ئەۋلىياسى. (4) پىرتانراكشت تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ دراما 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە بەشبالىق قاتارلىق قوچۇ شەھەرلىرىدە سەھنىدە ئوينالغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەدىمقى كۇسەن (كۇچا) نىڭ "ئەجدىھا ئويۇنى"، "سۇمۇچ ئويۇنى" قاتارلىق ئوچۇق سەھنە ئويۇنلىرىمۇ دراما ۋە كومەدىيە شەكلىنى ئالغان ئويۇنلار ئىدى. (5) 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيىلىك ئولدىنبۇرگ تۇرپانغا كېلىپ، ياغاچ مەتبەئەگە (كەلاگەروفى) ھەرپلىرىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇقراقىنى ئېلىپ كېتىپ، موسكۋا مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئە تەخنىكىسى تاكى گەرمانىيە ئالىمى ئىنوگىن كودىنبورگ كەشىپ قىلغان مەتال ھەرپلىك ئىلغار مەتبەئە تەھنىكىسى ئىشلىتىلگۇچىلىك (15 ـ ئەسىرگىچە) دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئىدىقۇت مائارىپى، نەشىرىياتچىلىقىنىڭ خېلى زور كولەمدە راۋاجلانغانلىقىنى كورۇۋالالايمىز.

## 4 ـ باب بۇددىزم دەۋردە ئۇيغۇر مائارىپى

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىدا ئەڭ كۇچلۇك يىلتىز تارتقان دىن بۇددىزم ئىدى. بۇددا ـ سانسكرىتچە "ئەقلى ـ ھۇشىغا كېلىپ، توغرا يولغا ماڭماق" دېگەن ئۇقۇمنى

